مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلدى



رىسالەت داۋۇت:

# بىر يىڭنە - بىر يىپ ئارقىلىق پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش

□ مۇخبىرىمىز رايىدە، قومۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن ئەن يەن

«پانۇسلار دۆلەت بايرىمىنى خۇشال كۆتۈۋېلىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ يېرىگە بىر جۈپ ئانار كەشتىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىغا ۋەكىللىك قىلىندى...» 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، رىسالەت داۋۇت مۇخبىرغا: «گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرايلى» مەرۋايىت كەشتە ئەسىرىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلدى.

بۇ يىل 60 ياشقا كىرگەن رىسالەت قومۇل شەھىرى ئېۋىرغول رايونى شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ جىگدە قوۋۇق كەنتىدىكى بىر ئاددىي كەنت ئاھالىسى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە، ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، رىسالەت توققۇز ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، گۈرۈچ دانىسى چوڭلۇقىدىكى 240 مىڭدىن ئارتۇق رەڭلىك مەرۋايىتتىن بىر يىڭنە - بىر يىپتىن ئۇزۇنلۇقى 1.2 مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر، ئېغىرلىقى تەخمىنەن تۆت كىلوگرام كېلىدىغان «گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىپ، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرايلى» دېگەن خەت كەشتىلەنگەن مەرۋايىت كەشتە ئەسىرىنى كەشتىلەپ، ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان تىلىكىنى ئىپادىلىدى.

بۇ، رىسالەتنىڭ بىرىنچى قېتىم كەشتە ئەسىرى ئارقىلىق پارتىيەنى، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى ئەمەس. 2005 - يىلدىن ھازىرغىچە، رىسالەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «جۇڭگو خەرىتىسى» «تىنچ جۇڭگو» «ئىناق شىنجاڭ» قاتارلىق 11 پارچە مەرۋايىت كەشتە ئەسىرىنى تاماملاپ، ھەربىر پارچە مەرۋايىت كەشتە ئەسىردە پارتىيەگە، ۋەتەنگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

2012 - يىلى قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئاپتوبۇستا ئولتۇرغان رىسالەت دېرىزىدىن قار - شىۋىرغاندا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان قاتناش ساقچىلىرىنى كۆرۈپ، قاتناش ساقچىلىرىغا پېتەك تىكىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رىسالەت كىيىم ئىشكاپلىرىنى ئاختۇرۇپ كونا كىيىملىرىنى تېپىپ چىقىپ، پاكىز يۇيۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، قولنى كۆيدۈرگۈدەك كاڭغا يېيىپ، ئۈستىگە تەييار قىلغان يىلىمنى سۈركىدى، بىر قات يىلىم سۈرۈپ، بىر قات رەخت قويدى، يەنە بىر قات يىلىم سۈرۈپ، يەنە بىر قات رەخت قويدى...

ئىككىنچى كۈنى، رىسالەت قۇرۇغان رەختتە قايچا بىلەن ئاياغ چەمى شەكلىنى كېسىپ چىقىپ، ئاخىردا تويغا سېلىنغان كىيىم تىكىش ماشىنىسى بىلەن چۆرىسىنى چۈلىدى.

شۇنداق قىلىپ، رىسالەت كېچە - كۈندۈز دېمەي يىرىم ئاي ئىشلەپ، 300 جۈپ پېتەك تىكىپ، قومۇل شەھەرلىك قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتىگە ئاپىرىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، رىسالەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قاتناش ساقچىلىرىغا نەچچە مىڭ جۈپ پېتەك تىكىپ بەردى.

2013 - يىلى، رىسالەت پۇقرا تەشۋىقاتچى بولۇپ، ئاددىي - ساددا تىلى ئارقىلىق پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزدى.

بۇلتۇر 6 - ئايدا، رىسالەت ھۆكۈمەت تەقسىملەپ بەرگەن ئەرزان ئىجارىلىك ئۆيىگە كۆچۈپ كىردى، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىللە، ھەر ئايدا يەنە 491 يۈەن تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئالالايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆزىنىڭ كىچىككىدىن تارتىپ ھازىرغىچە باسقان ھەربىر قەدىمى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىدىن ئايرىلالمايدىكەن.

نۇردۇن ساتتار:

# يېغىپ ساقلاش سارىيىدا ئىتتىپاقلىق ھەققىدە پاراڭ

□ مۇخبىرىمىز جاڭ رۇيلىن

تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى ئۈزۈمچىلىك بازىرىنىڭ باغرى مەھەللىسىدىكى «نۇردۇن قىزىل ئەسلىمە يېغىپ ساقلاش سارىيى»نى ھەممە كىشى دېگۈدەك بىلىدۇ. يېغىپ ساقلاش سارىيىنىڭ ئىگىسى — بۇ يىل 70 ياشقا كىرگەن پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى نۇردۇن ساتتار.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن، نۇردۇن مۇخبىرغا يېغىپ ساقلاش سارىيىنى ئېچىشتىكى ئەسلىي مۇددىئاسى ئۈستىدە توختالدى: «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەنمۇ ياخشى ۋاقىتقا ئۇلاشتىم، تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلانماقتا. مەن يېغىپ ساقلاش سارىيىم ئارقىلىق، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەرگە خاتىرىلەرنى قايتا ئەسلەتكۈزىمەن، بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن كىشىلەرگە تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاتقۇزىمەن، شۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1951 - يىلى تۇغۇلغان نۇردۇن ئىلگىرى ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، ئامالسىز ئوقۇشتىن توختاشقا مەجبۇر بولغان، كېيىن يەنە ئارمىيەگە قاتناشقان، پارتىيەگە كىرگەن، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن، ئوقۇتقۇچى بولغان.

ئەينى يىلى، كىتاب سەۋەبلىك تەقدىرنى ئۆزگەرتكەن نۇردۇن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن نەچچە ئون يىل سەرپ قىلىپ يىغقان، سېتىۋالغان 20 مىڭ پارچىگە يېقىن كىتابنى تىزىپ ئۆزىنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان ھويلىسىدا بىر كىچىك كىتاب ئوقۇش ئۆيى ئېچىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەقسىز ئوقۇشى ئۈچۈن تەمىنلىدى، ئەينى چاغدا ئۇ پەقەت ئۆزىگە نەپ بەرگەن كىتابلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

كىتاب ئوقۇش ئۆيى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇردۇن ئىشتىن سىرتقى ۋاقتى ۋە زېھنىنىڭ ھەممىسىنى كىتاب ئوقۇش ئۆيىنى ياخشى باشقۇرۇشقا سەرپ قىلدى، ھەر قېتىم كىتاب ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇرمەنلەرمۇ نۇردۇننىڭ ئاڭلىغۇچىسىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىن پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى، پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن «دېھقانلار كىتاب ئوقۇش ئۆيى»نىڭ رولى بارغانسېرى زورايدى، بۇ جاي مەھەللە ۋە ئەتراپتىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا ئۆگىنىشىدىكى ياخشى مەنزىلگاھىغا ئايلىنىپلا قالماي، يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتىكى بىر بازىغا ئايلاندى.

2016 - يىلى، تۇرپان شەھىرى، ئىدىقۇت رايونىنىڭ كۆپ تەرەپتىن ماسلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، نۇردۇن كىتاب - رەسىم ئۆيى، «نۇردۇن قىزىل ئەسلىمە يېغىپ ساقلاش سارىيى» قۇرۇپ چىقىلدى. پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، نۇردۇن باشتىن - ئاخىر پارتىيەنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، مەيلى قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، يېغىپ ساقلاش سارىيىغا ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كەلگەنلەر بولسىلا، ئۇ ھەمىشە بالدۇرلا يېغىپ ساقلاش سارىيىدا ساقلاپ تۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە، 400 كىۋادرات مېتىردىن ئارتۇق يەرنى ئىگىلىگەن «نۇردۇن قىزىل ئەسلىمە يېغىپ ساقلاش سارىيى»دا جەمئىي 330 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم - سۈرەت ئەسىرى، نەچچە 10 مىڭ پارچە تۈرلۈك كىتاب كۆرگەزمىگە قويۇلدى. ئۈزۈمچىلىك بازىرىنىڭ كادىرلىرى، نۇردۇن ۋە باشقا پۇقرا تەشۋىقاتچىلار دائىم بۇ جايدا پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرىنى سۆزلەيدۇ؛ ھەر مىللەت ئامما سۈرەتلىك ماتېرىياللارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق، خاتىرىلىرىنى قايتا ئەسلەپ، تارىخنى ئۆگىنىپ، قەلبىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ.

ئەڭ دەسلەپكى «دېھقانلار كىتاب ئوقۇش ئۆيى» «دېھقانلار كىتاب - رەسىم ئۆيى»دىن بۈگۈنكى كۈندىكى «قىزىل ئەسلىمە يېغىپ ساقلاش سارىيى»غىچە؛ ئادەتتىكى بىر دېھقاندىن بىر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىغىچە، نۇردۇن پارتىيەگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە تارقاتماقتا. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن مەن پېشقەدەملىك رولۇمنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس مەجبۇرىيىتىمنى ياخشى ئادا قىلىپ، پارتىيەنىڭ ساداسىنى ھەر مىللەت ئاممىغا يەتكۈزۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئاكتىپلىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكلەيمەن».

# شىنجاڭ 12 تۈرلۈك تەدبىر قوللىنىپ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

تەدبىردە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرى ۋە تاشيول بويلىرىدىكى دەم ئېلىش رايونلىرى، بېكەت قاتارلىق ساياھەت مەركەزلەشكەن جايلاردىكى مال سېتىۋېلىش سورۇنلىرى ۋە باشقا مال سېتىۋېلىش دۇكانلىرى ساياھەت كوپىراتىپى ياكى يول باشلىغۇچى خادىملار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، مال سېتىۋېلىش ئارقىلىق شېرىنكانە بېرىشكە، ساياھەت كوپىراتىپىغا ياكى يول باشلىغۇچىلارغا پۇل - مال بېرىشكە بولمايدۇ ياكى باشقا ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ساياھەت ئۆمىكىنى مال سېتىۋېلىشقا ياكى تاۋارلارغا خېرىدار تېپىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. تىجارەتچىلەردە يۇقىرىقى قىلمىشلار كۆرۈلسە، بازار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىپ، 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 3 مىليون يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولسا، تىجارەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى بىكار قىلىدۇ.

تەدبىردە مۇنۇلار بەلگىلەندى: ساياھەت يېتەكچىسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئېلېكترونلۇق ساياھەت يېتەكچىسى گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ، ساياھەت يېتەكچىسى سالاھىيەت بەلگىسىنى تاقاپ، «مەملىكەتلىك ساياھەت يېتەكچىلىرى ئائىلىسى» APPسىنى ئېچىشى كېرەك. ساياھەت يېتەكچىسى ساياھەت مۇلازىمىتى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، يۇقىرىقى بەلگىلىمىگە رىئايە قىلمىسا، ساياھەتچىلىككە مەسئۇل تارماقلار 500 يۈەن جەرىمانە قويىدۇ. تەۋەلىكتىكى ساياھەت يېتەكچىلىرى ساياھەت مۇلازىمىتى پائالىيىتىدە ساياھەتچىلەرنى تاۋارغا خېرىدار بولۇشقا ياكى ساياھەتچىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇرسا بولمايدۇ؛ ساياھەتچىلەردىن ئاشكارا ياكى بېشارەت بېرىش ئۇسۇلى بىلەن «تاپان ھەققى» تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ؛ ساياھەتچىلەرنى ئىستېمال قىلىشقا ئالداشقا ياكى مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلار كۆرۈلگەن بولسا، ساياھەتچىلىككە مەسئۇل تارماقلار 30 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا ساياھەت يېتەكچىسى كىنىشكىسى بىكار قىلىنىدۇ ھەم جەمئىيەتكە ئېلان قىلىنىدۇ.

تەدبىردە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، تەۋەلىكتىكى ساياھەت مېھمانسارايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تازىلىق مۇھىتى ناچار بولۇش، «ھەممىگە قادىر دەسمال» ھەممىدە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى لاياقەتسىز بولۇش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ئۆلچەمگە يەتمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تۈزەش ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. يۇقىرىقى مەسىلىلەر كۆرۈلسە، ساياھەتچىلىككە مەسئۇل تارماقلار ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۇلارنى تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنىڭ يۇلتۇز دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ ياكى ۋەسىقىسىنى ئېلىپ تاشلاپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. تەۋەلىكتىكى مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىدا تېڭىپ سېتىش، باغچىنىڭ ئىچىدە باغچە بولۇش، ئۈستىلەپ بېلەت ئېلىش، خېرىدار تالىشىش، يۇقىرى باھالىق يېمەك - ئىچمەك، ساختا تاماق تىزىملىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلانغان بولسا، نۇقتىلىق تۈزىتىلىدۇ ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، يۇقىرىقى مەسىلىلەر كۆرۈلسە، ساياھەتچىلىككە مەسئۇل تارماقلار ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ ياكى ۋەسىقىسىنى ئېلىپ تاشلاپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

# جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزا - كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق مۇھىتى پۈتۈنلەي يېڭىلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا - كەنتلەردە ئاھالىلەرنىڭ ھويلا - ئاران تازىلىقىدا يوشۇرۇن خەۋپ ئېغىر ئىدى. قوي - كالا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پۇقرالار ئەڭ كۆپ باقىدىغان چارۋا، لېكىن ئادەم بىلەن چارۋىلارنىڭ مۇھىتى ئايرىلمىغان، قوتانلار قازان بېشىغا يېقىن بولغاچقا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئادەم ۋە چارۋىلارغا ئورتاق يۇقىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش خەۋپى يۇقىرى ئىدى.

«جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە ھەممە ئائىلە دېگۈدەك قوي - كالا قاتارلىق چارۋىلارنى باقىدۇ، تازىلىق ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، بۈرگە كۆپلەپ كۆپىيىدۇ» دېدى كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىر ئالىجان ئىسھاق، تازىلىقتا يوشۇرۇن خەۋپ بولغاچقا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش جىددىي زۆرۈر ئىدى، ھويلا - ئاراندا «ئۈچ رايوننى ئايرىش» ئادەم ۋە چارۋىلاردا ئورتاق بولىدىغان كېسەللەرنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى ئۈنۈملۈك ئۈزۈپ تاشلىدى.

«بۇ يىل ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا قورۇتام سېلىپ، قوي - كاللارنى ئارقا تەرەپتىكى قوتانغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۆي بىلەن بولغان ئارىلىقى نەچچە ئون مېتىر كېلىدۇ، يەنە تېرىقچىلىق رايونىنىمۇ ئايرىدۇق. بولۇپمۇ چىۋىن، ھاشاراتلار ئازىيىپ تازىلىق كۆپ ياخشىلاندى.» قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوسكام ناھىيەسىدىكى سۇ ئامبىرى رايونىدىكى كۆچمەنلەرنى مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇش رايونى بولغان تۇغمەن يېزىسىدا رەناگۈل قارىمەت ھويلىسىغا خىلمۇخىل گۈللەرنى تېرىغانىدى. «ھويلا مۇھىتى پاكىزلىنىپ، سەھرا تۇرمۇشى بەخت تۇيغۇمىزنى ئاشۇردى».

«بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى بارلىق مەمۇرىي كەنتلەردە كەنتنىڭ مۇھىتىنى تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىي 5 مىليون 26 مىڭ 700 تونىنا ئەخلەت تازىلاندى، 735 مىڭ ئورۇندىكى تاشلاندۇق تام كېسەكلەر تازىلاندى، رەتلەندى. «ئىلگىرى نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ھويلىسىدا كونا ياغاچ، كونا ئۆي جاھازلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەن، ياۋا ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، تاشلىنىپ قېلىنغاندەك ئىدى. ھازىر تازىلىنىپ رەتلەنگەن يەرلەرگە مېۋە - چېۋە، كۆكتات تېرىغىلى بولىدۇ، ئۆز ھويلىسىدىن چىققان بۇ نەرسىلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا سالقىندىغىلى بولىدۇ، مۇھىت ياخشىلاندى، ھويلىدىن پايدىلىنىش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولدى.» دېدى ئېگىز يەر يېزىسى تاغلىقئېرىق كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى ياڭ يۈڭشىن.

2018 - يىلى، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيەنىڭ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق مۇھىتىنى تۈزەشكە سالغان مەبلىغى 4 مىليارد 196 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. نۆۋەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا - كەنتلەردە «ئۈچ رايوننى ئايرىش» ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

# ئۆيدىدارا تاماق بۇيرۇتسا، ئىسسىق تاماق ئېتىز بېشىغىچە يەتكۈزۈلىدىغان بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

«دەسلەپكى چاغدا، ئاساسلىقى ئەتراپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ياكى كادىرلار خىزمىتى بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ تاماق يېيىشكە چىقالمىغاچقا، تاماقنى ئېتىپ ئاپىرىپ بېرەتتۇق». تاماق ئاپىرىپ بېرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئويىغا كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغاندا نۇرمەمەت مۇنداق دېدى: خېرىدارلار بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، مېنىڭمۇ سودا قىلغۇم كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەقسىز تاماق ئاپىرىپ بېرىش مۇلازىمىتى بارلىققا كەلدى. «ئەڭ كۆپ بولغاندا، بىر قېتىمدا 30 كىشىلىك تاماق - قورۇما ئېتىپ، 400 يۈەندىن كۆپرەك ساتتۇق، مەن توكسىكلىتنى مىنىپ بىر قانچە قېتىم توشۇدۇم».

تاماق بۇيرۇتۇش بازار تاپسا دېھقانلار ئارامگاھى تىجارىتىگە تەسىر يېتەمدۇ - يوق؟ دەپ سورىغاندا، نۇرمەمەت بۇ مەسىلىگە سەل خىجىل بولۇپ مۇنداق جاۋاب بەردى: «كېلىڭلار دوستلار» دېھقانلار ئارامگاھىدا بۇلتۇر 8 - ئايدا تىجارەت باشلىغان، يەنىلا دەسلەپكى تىجارەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، تاماق ئاپىرىشىمۇ كۆپرەك پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىدى، ئويلىمىغان يەردىن بۇ تىجارەت بارغانسېرى ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

دەل تاماق بۇيرۇتۇش سودىسى بارغانسېرى ياخشىلانغانلىقتىن، دېھقانلار ئارامگاھىدا نۇرمەمەت ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئالدىراش ئىشلىگەندىن سىرت، يەنە ئۈچ كىشىنى ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلدى، بۇلارنىڭ بىرى نامرات ئائىلە. «مەن ئۇلارغا ئايدا ۋاقتىدا ئىش ھەققى بېرىمەن، سودا ياخشى بولغاندا يەنە ئۇلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بېرىمەن» دېدى نۇرمەمەت.

سودا ياخشىلاندى، نۇرمەمەتنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى. نۇرمەمەتنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ھويلىدا بىر بوش يەر بولۇپ، ئۇ بۇ يەردە بىر فونتان ياساپ، دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ غىزالىنىش مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاشنى ئويلاۋېتىپتۇ. لېكىن خوتۇنى بۇ يەرنى باللار ئوينايدىغان يەر قىلغۇسى بار ئىكەن، باللارنىڭ ئوينايدىغان يېرى بولسا، كېيىن خېرىدارلار تېخىمۇ كۆپىيىدىكەن. «مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، پەقەت باش قاتۇرساق، كۈچ سەرپ قىلساقلا، سودىمىز چوقۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ، شۇ چاغدا بىز دېھقانلار ئارامگاھىنى تېخىمۇ چوڭايتىپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولالايمىز».